# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي
12
پەيشەنبە
维吾尔文 9月12日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24816 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى

## ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو ـ قازاقىستاننىڭ مەڭگۈلۈك ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىردەك قارار قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىر سۈن يى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئىككى تەرەپنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش روھى بويىچە جۇڭگو ـ قازاقىستاننىڭ مەڭگۈلۈك ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىردەك قارار قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: يەنە ئون نەچچە كۈندىن كېيىن، بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەيمىز. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ خې يىچېڭ بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىر لىيۇ خۇەن) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا يېڭىدىن سايلانغان ھەم مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك باش مەمۇرى خې يىچېڭ بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ خې يىچېڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك باش مەمۇرلۇقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: ئۇزاقتىن بۇيان، سىز ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاۋمېن جەمئىيىتىگە قىزغىن مۇلازىمەت قىلدىڭىز، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئاۋمېن قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنىڭ رەئىسى قاتارلىق كۆپلىگەن ھۆكۈمەت ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئاۋمېننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتىڭىز. مەركەز بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردۇ. بۇ قېتىمقى باش مەمۇر سايلىمىدا، سىزنىڭ يۇقىرى بېلەت بىلەن نامزاتلىققا كۆرسىتىلىشىڭىز، يۇقىرى بېلەت بىلەن سايلانغانلىقىڭىز ئاۋمېن جەمئىيىتىنىڭ سىزنى كەڭ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈردۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقى. 20 يىلدىن بۇيان، خې خوۋخۇا، سۈي شىئەن ئىككى باش مەمۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا چۈشىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇننىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈشتىن ئىبارەت يادرولۇق قىممەت قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاۋمېن ئىقتىسادىنىڭ تېز ئېشىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنياغا ئاۋمېنغا خاس «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلدى. ئەمەلىيەت «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نىڭ پۈتۈنلەي يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى، قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەر قەلبىگە ياقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى!

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ مىكرونېزىيە فېدېراتسىيەسى زۇڭتۇڭى پانۇئېلو بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، جۇڭگو ـ مىكرونېزىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مىكرونېزىيە فېدېراتسىيەسى زۇڭتۇڭى پانۇئېلو بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ مىكرونېزىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 30 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ياخشى تەرەققىياتنى ساقلاپ كەلدى. ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى كۆپ، ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولۇپ، ئادەمىيەت ئالماشتۇرۇشى كۈنسايىن كېڭەيدى. مەن جۇڭگو ـ مىكرونېزىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ پانۇئېلو بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىق ۋە دوستانە ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتە باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۇتۇمغا ئېرىشتى

## مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن 159 مىڭ 100 كىشىنى كۆچۈرۈش تولۇق تاماملىنىدۇ

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈكفېي** خەۋەر قىلىدۇ: «9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ‹13 ـ بەش يىل›دىكى 159 مىڭ 100 نامراتنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ۋەزىپىسى تولۇق تاماملىنىدۇ، باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن بۇ ئائىلىلەر يېڭى تۇرالغۇسىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە تېلېۋىزوردىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى كۆرىدۇ» دېدى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گو ۋېنبى ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھەرچىسى(تەرەققىيات رايونى)نىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانى(2019 — 2030)، ئائىلە مۇلازىمەتچىلىك كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ـ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممىۋى بايلىق سودا سۇپىسىنى بىرىكتۈرۈپ ھەمبەھىرلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھەرچىسى(تەرەققىيات رايونى)نىڭ قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى يېپىلدى

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى تۈرلۈك قارالمىلارنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە يېپىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىغا كىردى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# مەتتوختى: نامرات ئائىلىدىن شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغىچە

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□ مۇخبىرلىرىمىز جىڭ جو، سۈي يۈنيەن

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، لوپ ناھىيەسىدە كۆز كىرىپ ھاۋا سالقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ناۋا يېزىسىنىڭ يېڭىباغ كەنتىدىن باشقا جايغا كۆچۈرۈش بويىچە ناھىيە بازىرىغا ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان مەتتوختى مەتقۇربان يەنىلا كالتە يەڭ كىيىم بىلەن ئۆيدىن چىقتى. «ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 يېرىمدا ئىشقا بارىمەن، بەزىدە كەچ سائەت 10دىن كېيىن ئاندىن ئۆيگە قايتالايمەن، ئەتىگەن ۋە كەچتە ھاۋا سەل سالقىن بولسىمۇ، قەلبىم ئىللىقلىققا تولغان.» 41 ياشلىق مەتتوختى مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھەر كۈنى خېرىدارلاردىن كېلىدىغان قوبۇل قىلىپ تۈگىتەلمەيدىغان زاكازلارنى ئويلىسام، تۆگمەس كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىمەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

### ئاپتونوم رايون «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ 1 ـ تۈركۈمنى خۇلاسلەش ھەم 2 ـ تۈركۈمنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئاچتى

# ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى مەڭگۈلۈك تېما، ئۆمۈرلۈك تېما قىلىپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو، ئۇۋياڭ سۇڭ سۆز قىلدى　شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى　شاۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ 1 ـ تۈركۈمنى خۇلاسلەش ھەم 2 ـ تۈركۈمنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى خۇلاسلىدى، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ سەييارە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئۇۋياڭ سۇڭ يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى پۇختا قانات يايدۇرۇلدى، دىققەت باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، نەزەرىيە بىلەن قورال-لىنىشتا يېڭى يۈكسىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، كۈچلۈك پارتىيەۋىلىك تاۋلىنىپ، ئىدىيەۋى مەنزىل يېڭى يۈكسىلىشكە ئېرىشتى، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش كۈچەيتىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، خەلققە بولغان مۇھەببەت يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇمغا ئېرىشتى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ نەتىجە ـ ئۈنۈم يارىتايلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ 1 ـ تۈركۈمنى خۇلاسلەش ھەم 2 ـ تۈركۈمنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى خۇلاسلىدى، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچ پارتىيەمىزنىڭ سىياسىي روھى، سىياسىي جېنى. 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى چىڭىتىشقا تۈرتكە بولدى؛ دىققەتنى توپ ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولدى؛ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا تۈرتكە بولدى؛ ئاڭلىق ھالدا قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى؛ دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



شىنجاڭ ياخشى جاي

**تاگبۇلانىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى**

**9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر نىلقا ناھىيەسىدىكى تاگبۇلا مەنزىرە رايونىدا جانلىق مەنزىرە سىزماقتا. تاگبۇلا مەنزىرە رايونىنىڭ «يۈز چاقىرىملىق يۆگىمە رەسىم، تەبىئىي رەسىم كارىدورى» دېگەن چىرايلىق نامى بار بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەتچىلەرنى كېلىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى.**

**□ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى**

سەلتەنەتلىك 70 يىل　كۆرەشچان يېڭى دەۋر

كەسىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى زىيارىتى

# شىنجاڭ «ئۈچ بازا، بىر يول» قۇرۇلۇشنى ئومۇميۈزلۈك تېزلەتتى

مۇخبىرلىرىمىز **بەي جيۇ، ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مۇخبىرلار «مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تەييار ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفىت نېفىتلىكى» دەپ ئاتىلىدىغان جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى فېڭچېڭ نېفىتلىكىنىڭ مەشغۇلات رايونىدا، بىرقانچە كاچالكىنىڭ تەرتىپلىك ھالدا قۇدۇق ئاستىدىكى سۈيۇقلۇقنى ئېلىۋاتقانلىقىنى ھەم يەر يۈزىدىكى نېفىت يىغىش تۇرۇبا لىنىيەسى ئارقىلىق 1 ـ نومۇرلۇق قويۇق نېفىتنى بىرلىشىپ بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىغا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «نېفىت ئېلىش پونكىتى كۈندە 3200 توننا قويۇق نېفىتنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ قويۇق نېفىت يىغىندى مەھسۇلات مىقدارى 100 مىليون توننىدىن ئېشىپ، دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك سىكلوئالكىل قويۇق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ چىقىلدى» دېدى مەشغۇلات رايونى پارتكومىنىڭ شۇجىسى جوۋ گۇاڭخۇا پەخىرلەنگەن ھالدا.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)